# زۇڭلى لى كېچياڭ مۇخبىرلار يىغىنىغا قاتناشتى ھەم جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى

(بېشى 3 ـ بەتتە)

يېڭى كەسىپ تۈرلىرىگە كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ سېلىنىپ، ئىشنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. سىز بۇنداق ئەھۋالغا قانداق قارايسىز؟ كەلگۈسىدە ھۆكۈمەت پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە يەنە قانداق يېڭى تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ؟

**لى كېچياڭ:** كۆپ يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ساھەسىدە بەزى مۇھىم، زور بۆسۈشلەر بولدى، ئەمەلىي قوللىنىشچان يېڭىلىق يارىتىش ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى تېز بولدى، لېكىن ئاساسىي تەتقىقات ساھەسىدە ھەقىقەتەن يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت. پەن ـ تېخنىكا كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە، جەزمەن ئاساسىي تەتقىقات ۋە ئەمەلىي قوللىنىشچان ئاساسىي تەتقىقاتتىن ئىبارەت بۇ ئاساسنى پۇختىلاش كېرەك. ئۇل قانچە چوڭقۇر سېلىنسا، ئاندىن بىنانى شۇنچە ئېگىز سالغىلى بولىدۇ. كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى قوغلاشماي، ھەر بىر قەدەمدە ئىز قالدۇرۇپ مېڭىش كېرەك.

نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ پۈتۈن جەمئىيەت تەتقىقات سېلىنمىسىنىڭ GDPدا ئىگىلىگەن نىسبىتى تېخى يۇقىرى ئەمەس، بولۇپمۇ ئاساسىي تەتقىقات سېلىنمىسى تەتقىقات سېلىنمىسىنىڭ پەقەت 6%نىلا ئىگىلەيدۇ، ھالبۇكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئادەتتە 15%تىن 25%كىچە بولىدۇ. بىز كېيىنكى قەدەمدە ئاساسىي تەتقىقات سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا تۈزۈلمىسىنى داۋاملىق ئىسلاھ قىلىپ، پەن ـ تەتقىقات خادىملىرىنى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك، تېخىمۇ مۇھىمى پەن ـ تەتقىقات خادىملىرىنى خىراجەتنى ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك، پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ قىممەتلىك زېھنىي كۈچىنى جەدۋەل تولدۇرۇش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش قاتارلىق ئىشلارغا سەرپ قىلدۇرماسلىقىمىز، يەنىلا ئۇلارنى زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك، زور مىقداردا جۇغلىغاندىلا ئاندىن ئاز ـ ئازدىن ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بۇ يەردە مەن ياش ئوقۇغۇچىلارغا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلماقچىمەن، سىلەر كەلگۈسىدە قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىڭلاردىن، قانداق ئارزۇيۇڭلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىشىڭلار كېرەك، ئاساسىي ماھارەتنى مۇستەھكەملەش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مىڭ گەز ئېگىز دەرەخنىمۇ ئوزۇقلۇقى يەنىلا يىلتىزىدا بولىدۇ. ئۇلنى پۇختىلىساق، كەلگۈسىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلۋالالايمىز، ھەر ساھەدە قالتىس كارامەتلەرنى كۆرسىتەلەيمىز.

يېڭىلىق يارىتىشتا يەنىلا بازارنىڭ كۈچىگە تايىنىش كېرەك. كارخانا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ سۇبيېكتى. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ھۆكۈمەت پەن ـ تېخنىكا سېلىنمىسىنى داۋاملىق زورايتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەت كۈچلىرىگە تېخىمۇ كۆپ تايىنىپ، تەتقىق قىلىپ ئېچىش سېلىنمىسىنى زورايتىدۇ، شۇڭا بىز «پۈتكۈل جەمئىيەت» دائىرىسىدە تەتقىق قىلىپ ئېچىش سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قىسىم مېخانىزملارنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، بۇ يىل بىز ياسىمىچىلىق تەتقىق قىلىپ ئېچىش خىراجىتى سېلىنمىسىنى قوشۇپ ھېسابلاپ 100% چىقىرۋېتىش تەدبىرىنى قوللاندۇق، بۇ ئەمەلىيەتتە بىر تۈرلۈك باجدا ئېتىبار بېرىش بولۇپ، بازارلاشتۇرۇپ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق تۈزۈمى چارىسى ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىپ تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان. ئەلۋەتتە، تەتقىق قىلىپ ئېچىشتا ئىختىساسلىقلارغا تايىنىش كېرەك، جۇڭگونىڭ ئىختىساسلىقلار بايلىقى مول. بىز بىر تەرەپتىن باشلامچى، سەرخىل ئىختىساسلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭمۇ قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەك. مۇشۇ يىللاردا، بىز «ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش»قا تۈرتكە بولۇپ، «ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش» ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەمەلىي قوللىنىشچان يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولدۇق، شۇنداقلا بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە يېڭىلىق يارىتىشقا تېخىمۇ زور بوشلۇق ياراتتۇق.

بىز پەن ـ تېخنىكىدا مۇستەقىل بولۇش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش كېرەك دەيمىز، ئالىملار جاسارەت بىلەن تىرىشىشى كېرەك، بۇ، خەلقئارا ھەمكارلىق، كەسىپداشلارنىڭ ئالماشتۇرۇشى بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىلمىي ئىزدىنىش بىلەن كەشپىيات، بايقاشلار ھەمكارلىشىشقا، ئورتاق تىرىشىشقا موھتاج. بىكىنۆبىلىشنىڭ ئىستىقبالى يوق، زەنجىر ئۈزۈلۈشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. جۇڭگو بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ئاساسىدا، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ.

**ئامېرىكا سىملىق تېلېۋىزىيە ئاخبارات تورى مۇخبىرى:** ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيانقى پەسكويى ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقىرى قاتلام ئەمەلدارلىرى كۆپ قېتىم بۇنى ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتايىن خاتا بولغان جۇڭگوغا قارشى سىياسىتى يولغا قويغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇلارمۇ ئامېرىكا بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ قالايمىقانچىلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك ئوڭشىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئەمما ۋاشىنگتوندىن كەلگەن نۇرغۇن سادالار جۇڭگو تەرەپنىڭ ھۆكۈمى ۋە مەيدانىنىڭ مۇھىم ئىككى نۇقتىغا سەل قارىغانلىقنى بىلدۈردى: بىرى، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشى ئىككى تەرەپنىڭ سەۋەبىدىن بولۇپ، بۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ دائىم: مەسئۇلىيەت پۈتۈنلەي ئامېرىكا تەرەپتە، دېگىنىدەك ئەمەس؛ يەنە بىر نۇقتا، جۇڭگوغا بولغان پوزىتسىيە ھەممىدە مۇھىم، زور سىياسەت جەھەتتە، مەيلى يۇقۇم ئەھۋالىنى مەنبەدىن تەكشۈرۈش بولسۇن ياكى شياڭگاڭ، شىنجاڭ قاتارلىق مەسىلىلەردە بولسۇن، ئامېرىكىدىكى دېموكراتلار پارتىيەسى ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن ئىبارەت ئىككى پارتىيە ئەمەلىيەتتە يۈكسەك ئورتاق تونۇشقا ئىگە. سىز ئامېرىكىدىن كەلگەن بۇ خىل قاراشقا قانداق ئىنكاس قايتۇرىسىز؟ بولۇپمۇ ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت كېلەر ھەپتە ئالياسكىدا بايدېن تەختكە چىققاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزىدىغان پەيتتە، جۇڭگو تەرەپ ئالاقىدار سىياسەت ۋە مەيدانىنى تەڭشەپ ياكى ئۆزگەرتىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى قايتا باشلاش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولامدۇ ـ يوق؟

**لى كېچياڭ:** ئۆتكەن بىرنەچچە يىلدا جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ھەقىقەتەن ئېغىر قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، ئىككى دۆلەت ۋە دۇنياغا پايدىسىز تەسىر ئېلىپ كەلدى. جۇڭگو ۋە ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەمكارلاشسا ئىككىلا تەرەپكە پايدىلىق، ئېلىشسا ئىككىلا تەرەپكە زىيانلىق. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىغا 40 نەچچە يىل بولدى، بوران ـ چاپقۇن، ئەگرى ـ توقايلىقلاردىن ھالقىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلىشى يەنىلا دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن بولغانلىقى، ئىككى دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغانلىقىدىندۇر. بىز ئىككى تەرەپنىڭ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېقىندا زۇڭتۇڭ بايدېن بىلەن تېلېفونلاشقانلىقىنىڭ روھى بويىچە، بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە ھۆرمەت قىلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئىچكى سىياسىتى ۋە ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماي، توقۇنۇشماسلىق، قارشىلاشماسلىق، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام، مۇقىم يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ، ھەم ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئارزۇسى.

جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى، تەرەققىيات باسقۇچى، جەمئىيەت تۈزۈمى ئوخشىمايدۇ، ئۆزئارا ئالاقە قىلىشقاندا زىددىيەت، ئىختىلاپلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، بەزىدە ھەتتا بىر قەدەر كەسكىن بولىدۇ، ئاچقۇچ بۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا. جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت خەلقى ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئىقتىدارلىق، ئىككى تەرەپ يەنىلا ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ سۆھبەتلىشىشى، پىكىر ئالماشتۇرۇشى كېرەك. بىز جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ كۆپ ساھەلىك، كۆپ قاتلاملىق سۆھبىتىنىڭ بولۇشىنى، بىر مەھەل ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ گۇماننى تۈگىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز، بۇ، ئىختىلاپلارنى تىزگىنلەش ۋە تۈگىتىشكە پايدىلىق.

جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت كەڭ ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە، ھەمكارلىشىشقا بولىدىغان نۇرغۇن ساھەلەر بار. بۇلتۇرقى كۆپ تەرەپلىمە زەربە ئارقا كۆرۈنۈشىدە، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ سودا كۆلىمى يەنىلا 4 تىرىليون 100 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 8.8% ئاشتى. بىز يەنىلا تېخىمۇ كۆپ زېھنىمىزنى ئورتاق نۇقتىغا قويۇپ، ئورتاق مەنپەئەتنى كېڭەيتىشىمىز كېرەك. جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش، دۇنيانىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم مەسئۇلىيىتى بار. جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ئەگرى ـ توقايلىقلاردىن ھالقىپ ئالدىغا قاراپ، ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى:** سىز بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدىڭىز. ھازىر بەزى بازار سۇبيېكتلىرى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، ئادىل رىقابەت، بازار مۇھىتى قاتارلىق جەھەتلەردە يەنە بەزى قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنىڭ بارلىقىنى ئىنكاس قىلدى. بۇ يىل ھۆكۈمەت قانداق ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى چىقىرىپ، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى پەسەيتىشكە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتىدۇ؟

**لى كېچياڭ:** بۇلتۇر بىز ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتقاندا، ناھايىتى گەۋدىلىك بولغان بىر نۇقتا شۇ بولدىكى، ماكرولۇق سىياسەت تۈزگەندە ۋە يولغا قويغاندا، بازار سۇبيېكتىنىڭ ئېھتىياجىنى چۆرىدەپ ئويلىشىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا، ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشىغا كۈچ قوشۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى كۈتۈردۇق. جۇڭگودا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بازار سۇبيېكتىنى ئۈزلۈكسىز يېتىلدۈردۇق ۋە تەرەققىي قىلدۇردۇق. بازار سۇبيېكتىنى يېتىلدۈرگەندە، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى بەش يىلدا، بىزنىڭ بازار سۇبيېكتىمىز 60 مىليوندىن ئارتۇق كۆپەيدى. بۇلتۇر يۇقۇملىنىش زەربىسىدە، كېيىنكى مەزگىلدە تېز سۈرئەتتە ئەسلىگە كېلىپ ئاشتى، ھازىر بازار سۇبيېكتىنىڭ ئومۇمىي سانى 130 مىليوندىن كۆپرەككە يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلتۇر يەككە سودا ـ سانائەتچىدىن يەنە 10 مىليوندىن كۆپرەكى يېڭىدىن كۆپىيىپ، 80 نەچچە مىليوندىن 90 نەچچە مىليونغا كۆپەيدى، بۇ، 200 مىليوندىن كۆپرەك كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، جانلاندۇرۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تىرىشىش يۆنىلىشى.

بۇ يىل بىز سىياسەت تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشتا يەنىلا داۋاملىق بازار سۇبيېكتىنى چۆرىدەيمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، بازار سۇبيېكتىنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈپلا قالماي، بەلكى جانلاندۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇلتۇر بىز كەلگۈسى تەرەققىياتقا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك دېگەن ئىدۇق، بۇ يىل بازار سۇبيېكتىنى ساقلاپ قالساقلا، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئېلاستىكلىقىنى تولۇق نامايان قىلغىلى بولىدۇ، دەيمىز. شۇڭا ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشتە بازار سۇبيېكتىدا بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقنى ئۇلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھالقىسىغا قارىتا، بىز داۋاملىق ھالقىنى قىسقارتىشىمىز، ماتېرىيالنى قىسقارتىشىمىز، خىراجەتنى قىسقارتىشىمىز، ۋاقىت چېكىنى قىسقارتىشىمىز كېرەك. بىر تەرەپتىن بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قويۇۋېتىپ رىقابەتلىشىشى ئۈچۈن چەكلىمىلەرنى بوشىتىشىمىز كېرەك.

ئەلۋەتتە، رىقابەتنىڭ ئادىل بولۇشى ئۈچۈن جەزمەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بولۇشى كېرەك. ئادىل باشقۇرغاندىلا، ھەققانىي باشقۇرغاندىلا بازار سۇبيېكتىنىڭ ھەقىقىي ئىجادچانلىقىنى نامايان قىلدۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا بىز قويۇپ بېرىش بىلەن باشقۇرۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىش داۋامىدا ۋە ئىشتىن كېيىن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتتۇق، بۇنىڭ ھەممىسى ئىسلاھات. بىز «ئالاقە تورى +»، نەرسە تورىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى كەسىپ ھالىتىنى قوللىدۇق، لېكىن كۆز بويامچىلىق قىلىپ ئالدامچىلىق قىلغان، ساختىلىق قىلىپ ئىناۋەتنى يوقاتقان ياكى يېڭى كەسىپ ھالىتى نامىدىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق قىلغان، قانۇنسىز مەبلەغ توپلىغانلارغا قەتئىي زەربە بېرىشىمىز كېرەك، چۈنكى بازار قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلسە، ئادىللىق بولمىسا، رىقابەتنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ، تېخىمۇ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچنى نامايان قىلغىلى بولمايدۇ.

ھۆكۈمەت يەنە ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىش، سەممىي بولۇش، ئىنچىكە ئىشلەپ مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈشى ئۈچۈن مۇھىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىدىكى كارخانا، خەلق ئاممىسىغا چېتىلىدىغان دائىم بېجىرىدىغان ئىشلارغا قارىتا توردا بېجىرىش، يان تېلېفوندا بېجىرىش، بىر قېتىمدىلا بېجىرىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، بازار سۇبيېكتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە، جەمئىيەتنى ئىجادچانلىققا ئىگە قىلىش كېرەك.

**تەيۋەن سىمسىز سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرى:** بۇ يىلنىڭ بېشىدا، تەيۋەن تەرەپ چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن يۇقۇمدىن كېيىنكى دەۋردە ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىدە نۆۋەتتە پەسىيىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى، چوڭ قۇرۇقلۇق تەرەپ بۇنىڭغا قانداق قارايدۇ، كەلگۈسىدە قانداق مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىدۇ؟

**لى كېچياڭ:** بىزنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان زور سىياسەت فاڭجېنىمىز ئىزچىل، شۇنداقلا ئىنتايىن ئېنىق، يەنى بىر جۇڭگو پرىنسىپى ۋە «92 ـ يىلدىكى ئورتاق تونۇش»تا چىڭ تۇرۇش. مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، بىز تەيۋەندىكى ھەرقانداق سىياسىي پارتىيە، تەشكىلاتنىڭ بىز بىلەن ئالاقە قىلىشىنى قارشى ئالىمىز، شۇنداقلا تەيۋەندىكى ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار، زاتلارنىڭ ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتى ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا بىز بىلەن سۆزلىشىشنى قانات يايدۇرۇشنى قارشى ئالىمىز.

بىز ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تىنچ تەرەققىياتى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر قانداق شەكىلدىكى «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىگە قارشى تۇرىمىز، شۇنداقلا تاشقى كۈچلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرىمىز.

بىز ئىزچىل «ئىككى قىرغاقتىكىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرى» ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتىمىز. بۇ بىر نەچچە يىلدا تەيۋەن كارخانىلىرى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان نۇرغۇن سىياسەتلەر چىقىرىلدى. نۇرغۇن تەيۋەن كارخانىلىرى ۋە قېرىنداشلار بۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشتى. بىز تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ تەرەققىيات پۇرسىتىدىن داۋاملىق بەھرىمەن قىلىپ، ئىككى قىرغاقنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا داۋاملىق تۈرتكە بولىمىز.

**خەلق گېزىتخانىسى مۇخبىرى:** يۇقۇم قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدە بەزى قىيىن مەسىلىلەر گەۋدىلىك بولدى، مەسىلەن، داۋالىنىش، پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەش، ياشانغانلار كۈتۈنۈش، بالىلارنى ھاۋالىلىك بېقىش قاتارلىقلار دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى كەمتۈكلۈككە ئايلاندى، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىغا تەسىر كۆرسەتتى. ھۆكۈمەت قايسى جەھەتلەردىن قول سېلىپ بۇ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ؟

**لى كېچياڭ:** بۇ يىل ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي چىقىمى بۇلتۇرقىدىن سەل كۆپەيدى، تەخمىنەن كىچىك ئەمەس، شۇڭا مىقدارى كۆپ، دائىرىسى كەڭ بولغان خەلق تۇرمۇشى ساھەسىگە تېخىمۇ كۆپ مايىللىشىمىز، بولۇپمۇ مەجبۇرىيەت مائارىپى ۋە ئاساسىي داۋالىنىش. ئەگەر كېيىنكى يېرىم يىلدا ئىقتىساد سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەنسە، ئۇنداقتا تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ مالىيە چىقىمى، جۇملىدىن قەرز چىقىمىنى بۇ ساھەلەرگە مايىللاشتۇرىمىز. بۇنىڭ شۇ يىللىق GDPنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇشى روشەن بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما يىراق كەلگۈسى تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈشتە تىرەكلىك رول ئوينايدۇ. بىز خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك، بۇ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش يۆنىلىشى قىلىشى كېرەك.

مائارىپ ۋە ساغلاملىق ھەربىر ئائىلە، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك. مەن ئىككى يىغىندا ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى: ھازىر ناھىيەلىك، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئەلا سۈپەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بايلىقى كەمچىل، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتى يۇقىرى ئەمەس، ئوقۇش تارىخىنى ئۆستۈرۈشمۇ ناھايىتى قىيىن، دېدى. بىز بۇ يىل قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ناھىيە، يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش سېلىنمىسىنى زورايتىپ، ئۇلارنى خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇش تارىخىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز، ئۇنۋان باھالاشتا مايىل سىياسەت قوللىنىمىز. شەھەرلەردىكى دېھقان ئىشلەمچىلەر پەرزەنتلىرىگە قارىتا، ئولتۇراقلىشىش كىنىشكىسىنى ئالسىلا، ئۇلارنى چوقۇم تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىمىز. ئائىلە ئەھۋالى، رايوننىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن، بالىلارنىڭ باشلىنىش پەللىسىدىلا ئۇتتۇرۇپ قويۇشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز. پۇرسەت ئادىللىقى ئىچىدە، مائارىپ ئادىللىقى ئەڭ چوڭ ئادىللىق.

ساغلاملىق بەختنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى. ھازىر ناھىيە، يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىنىڭ داۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە كۈچى يەنىلا بىر قەدەر ئاجىز، نۇرغۇن كىشى كېسەل بولسا چوڭ شەھەرلەردىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا قاترايدۇ. بۇ يىل بىز كۆپ خىل تەدبىرلەرنى تەڭ قوللىنىپ، ناھىيەلىك، يېزىلىق دوختۇرخانا، شىپاخانىلارغا قارىتىلغان سېلىنمىنى زورايتىپ، ئامبۇلاتورىيەدە داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى ئاتچوت قىلىش دائىرىسى ۋە دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللەرگە بېرىلىدىغان دورىلارنى ئاتچوت قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، دورا ۋە يۇقىرى قىممەتتىكى داۋالاش خورىما ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاما ھەقىقىي ھېس قىلالايدىغان بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشكە كۆپرەك قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، كېسەل داۋالاتقاندىكى بېسىمىنى ئازايتىمىز. بۇمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشكە، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق.

ياشانغانلار كۈتۈنۈش، بالىلارنى ھاۋالىلىك بېقىش جەھەتتە، ھۆكۈمەت يەنە جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى مەھەللە مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەش ئارقىلىق، ئىمكانقەدەر باج ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىپ قوللاپ، ئائىلىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش، بالىلارنى ھاۋالىلىك بېقىش جەھەتتىكى يۈكنى ئازراق يېنىكلىتىپلا قالماي، يەنە كۆپرەك ئىللىقلىق يەتكۈزىدۇ. قىسقىسى، خەلق تۇرمۇشى جەھەتتىكى ئىشلار ناھايىتى كۆپ، بىز تەرەققىيات داۋامىدا خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل ياخشىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇۋاتقىنىمىز كەڭ كۆلەمدە قاپلىغان، ئاساسقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى. ئاساسقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات داۋامىدا سەۋىيەنى سىجىل ئۆستۈرۈش كېرەك، لېكىن مۇھىم نۇقتىنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ھەممە ئادەمگە، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەجبۇرىيەت مائارىپى ۋە ئاساسىي داۋالىنىشقا قارىتا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر چوقۇم مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشى كېرەك.

**سىنگاپور بىرلەشمە ئەتىگەنلىك گېزىتى مۇخبىرى:** جۇڭگو دۆلەت ئىچىدە چوڭ ئايلىنىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، جۇڭگونىڭ ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ «قورشاۋى»دا مەجبۇرىي قوللانغان مەلۇم ئىستراتېگىيەلىك تاللىشى تەدبىرمۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەمدىكى دۆلەت ئىچى بازىرىنى بەرپا قىلغان چاغدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ چەت ئەل مەبلىغىگە قالدۇرۇلغان بوشلۇق كەلگۈسىدە بارغانسېرى كىچىكلەمدۇ قانداق؟

**لى كېچياڭ:** جۇڭگو مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، ھەم دۆلەت ئىچى بازىرىنى زورايتىش، ھەم ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈندۇر. جۇڭگو ئىقتىسادى دۇنيا ئىقتىسادىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىردى، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئۆزئارا سىڭىشكەن دېيىشكە بولىدۇ، ئىشىكنى تاقىۋالغاندا چىقىش يولى بولمايدۇ. جۇڭگو ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز، تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېڭەيتىدۇ، بۇ، جۇڭگونىڭ ئۆز مەنپەئەتىنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا دۇنياغا پايدىلىق. جۇڭگونىڭ ئىچكى ئېھتىياج بازىرىنى زورايتىپ، ئۆز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىمۇ چەت ئەل مەبلىغى، چەت ئەل مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمىتىگە غايەت زور پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ. مەن ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، بىر كارخانىچى: ئىچكى ئايلىنىشنى تۇتۇشتا دۆلەت ئىچى بازىرىنى كېڭەيتىش كېرەك، قوش ئايلىنىشنى تۇتۇشتا خەلقئارا بازارنى كېڭەيتىش كېرەك، ئىككى بازارنى يەنە تۇتاشتۇرغىلى بولىدۇ، دېدى. ئۇ ناھايىتى سەممىي گەپ قىلدى، سۆزى ئىخچام، مەزمۇنلۇق بولدى.

ئېچىۋېتىشتە يەنە ھەرقايسى دۆلەتلەر ئورتاق تىرىشىپ، بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىشى كېرەك. سەككىز يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، بۇلتۇر شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا ئون دۆلەت، جۇڭگو، ياپونىيە، كورىيە، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق 15 دۆلەت RCEP كېلىشىمىنى پۈتۈشتى، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئەركىن سودا رايونى، بۇنى ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت تۈزۈمى، مەدەنىيەت ئۆرپ ـ ئادىتى، ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچىدىكى دۆلەتلەر ئورتاق قۇرغان. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلغان، باراۋەر مۇئامىلە قىلغاندىلا، ئورتاق تونۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئورتاق مەنپەئەتنى تېپىپ چىقىپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ، شۇنداقلا رايون كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا ياردەم بېرىپ، دۇنيا ئىقتىسادىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشقىلى بولىدۇ. جۇڭگو دۇنيا كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىز ئۆز رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتى قائىدىسىنى ئاساس قىلغان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغدايمىز. پەقەت ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشقا پايدىلىق بولسىلا، مەيلى كۆپ تەرەپلىك، ئىككى تەرەپلىك مېخانىزم بولسۇن، بىز ھەممىسىگە ئاكتىپ، ئوچۇق پوزىتسىيەدە بولىمىز.

بىز يەنىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىرتقا ئېچىۋېتىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ مەبلەغ سېلىش پاسسىپ تىزىملىكىنى داۋاملىق قىسقارتىپ، مۇلازىمەت كەسپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىرتقا ئېچىۋېتىشكە داۋاملىق تۈرتكە بولىمىز. مەن نۇرغۇن چەت ئەل كارخانىسىنىڭ جۇڭگونىڭ تىجارەت ـ سودا مۇھىتىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم، بىز يەنە بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى داۋاملىق بەرپا قىلىمىز. ئومۇمەن ئېيتقاندا، كۆپ خىل تىرىشىش ئارقىلىق، ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇش داۋامىدا ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، جۇڭگونى داۋاملىق چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالىدىغان مۇھىم مەنزىلگە، دۇنيادىكى چوڭ بازارغا ئايلاندۇرىمىز.

مۇخبىرلار يىغىنى تور سىنى شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئاساسىي يىغىن مەيدانى خەلق سارىيىنىڭ 3 ـ قەۋەتتىدىكى ئالتۇن رەڭلىك زالدا تەسىس قىلىندى، شۆبە يىغىن مەيدانى مېيدىيا ئىككى يىغىن ئاخبارات مەركىزىدە تەسىس قىلىندى. مۇخبىرلار يىغىنى تەخمىنەن 110 مىنۇت داۋاملاشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭگۇئەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن